شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2019 - يىل 12 - ئاي
4
چارشەنبە
维吾尔文 12 月 4 日

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24899 - سان بۈگۈن 4 بەت

# شى جىنپىڭ «2019 - سۇگدۇ خەلقئارا مۇنبىرى»گە قاتناشقان چەت ئەل تەرەپ ئەزىز مېھمانلىرى بىلەن كۆرۈشتى

# شى جىنپىڭ سالۋادور زۇڭتۇڭى بۇكېل بىلەن سۆھبەتلەشتى

# دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلەرنى تەيىنلىدى - قالدۇردى

2 - بەتتە

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى «يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى كوللېكتىپ ئۆگەندى

# ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى قەتئىي ئېتىقاد، مەنىۋى كۈچ، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك

### چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلىپ، «يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ۋەتەنپەرۋەرلىك جۇڭخۇا مىللىتى روھىنىڭ يادروسى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. يېڭى دەۋردە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىش مىللەتنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، مىللەتنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى كۈچەپ يېتىلدۈرۈپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسىنى چىڭىتىپ،

(ئاخىرى 2- بەتتە)



قۇمقاناستىكى تاڭ نۇرى

**12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ساياھەتچىلەر قاناس مەنزىرە رايونى قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسى قۇمقاناس كەنتىدىكى مەنزىرە كۆرۈش سۇپىسىدا كۈننىڭ چىقىشىنى كۆرمەكتە. قېلىن قار قۇمقاناس كەنتىنى چۆچەكلەردىكى دۇنياغا ئايلاندۇرۇپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنى قار سەيلىسى قىلىشقا جەلپ قىلدى.**

□ مۇخبىرىمىز شىي لۇڭ فوتوسى

# «شىنجاڭ ياخشى جاي»نى بىرلىكتە ياڭرىتىش

—— پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىش ئارقىلىق، ساياھەت مۇلازىمەت مۇھىتى ۋە ساياھەت بازىرىدا ساقلىنىۋاتقان «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» «ئۈچ ناچار بولۇش، بىر قالايمىقان بولۇش» قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق تۈزەپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدىكى بىر قىسىم بوغما ھالەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ئاساس سېلىپ، كەلگۈسىنى كۆزلەپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولدى.

بۇ يىل 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى سانى، ساياھەت كىرىمىدە تارىختىكى يېڭى قوش يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلىپ، ئوخشاشلا مۇددەتتىن بۇرۇن بولتۇرقى پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي مىقداردىن ئېشىپ كەتتى. «شىنجاڭ ياخشى جاي» ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسى بارغانسېرى ياڭرىدى.

**■ مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش**

ئىلىدا ئەگرى - بۈگرى دەريا - كۆللەر، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مۇزلۇق - قارلىق دالا، گۈزەل سەھرا مەنزىرىسى، قويۇق، رەڭدار مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر بار... قانداق قىلغاندا ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، ساياھەت ئارقىلىق خەلقنى بېيىتىشتىن ئىبارەت بۇ «چوڭ ئىش»نى ياخشى قىلغىلى بولىدۇ؟

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىدارىسى يېرىك پىلان تەرەققىيات باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى سۇن جاۋشىڭ مۇنداق دېدى: باش تېما تەربىيەسىدە، ئىلى ئوبلاستى ساياھەت ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىدىكى «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» «ئۈچ ناچار بولۇش، بىر قالايمىقان بولۇش» قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى «2+8» مەخسۇس تۈزەش ۋە «1+3+3» ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تىجارەت تەرتىپى، مۇلازىمەت سۈپىتى، ساياھەت ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە تۈزىتىشنى قانات يايدۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ساياھەت مەنزىرە رايونى، ساياھەت مېھمانخانىسى، ساياھەت تاۋارلىرىنىڭ باھاسى قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى زور كۈچ بىلەن تۈزەپ، ساغلام، تەرتىپلىك، مەدەنىي، ئىناق ساياھەت بازىرى مۇھىتى ياراتتى.

يېقىندا، ئىلىغا 2 - قېتىم ساياھەتكە كەلگەن جۇڭچىڭلىق ساياھەتچى ۋۇ سىمياۋ بولتۇرقىغا سېلىشتۇرغاندا، ھەرقايسى مەنزىرە نۇقتىلىرىدا ساياھەت رايونى ھاجەتخانىلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، يول بويىدىكى ماي قاچىلاش پونكىتلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى بايقىدى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

### ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

# ئەسلىي مەقسەت - بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

**مۇخبىرىمىز جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى

(ئاخىرى 3- بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئاچتى

# ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك

**مۇخبىرىمىز لى ياك** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 3 - قېتىم ئومۇمىي يىغىن ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، مائارىپ سىستېمىسىدا پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 4- بەتتە)

# شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى قانۇن بويىچە كاپالەتكە ئىگە قىلىندى

### شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى **شاۋكەت ئىمىن**

تېررورىزم، ئەسەبىيلىك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. تېررورىزم، ئەسەبىيلىكتىن ئىبارەت جەمئىيەتتىكى بۇ زەھەرلىك ئۆسمىنى يوقىتىش، ئادەمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە قىممىتىنى قوغداش، خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، خەلقنى تىنچ، ئىناق جەمئىيەت مۇھىتىدا بەختلىك ياشايدىغان قىلىش دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەتچان ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ھەممىسىدە ئەسەبىيلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھۇجۇم قىلىش دېلو (ۋەقە)لىرى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن كىشىنىڭ ئۆلۈش - يارىلىنىشى ۋە ئېغىر، زور مال - مۈلۈك زىيىنىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۇنيا تىنچلىقىغا ئېغىر تەھدىت سالدى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قارا كۆلەڭگە تاشلىدى. دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلارغا ئوخشاش، بىر مەزگىل شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 40 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر «پانتۈركىزم» «پانئىسلامىزم» ئىدىيە ئېقىمىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا «ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن» «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇندى. خىلمۇخىل «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى جۇڭگونى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىپ، بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى سادىر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ شىنجاڭدىكى سىڭدۈرۈمچىلىكى ئەزەلدىن توختاپ قالمىدى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى پات - پات يۈز بېرىپ تۇردى. زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايى قىلمىشى شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىناق بولۇشىغا، ئىنتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىشىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىپ، كۆپلىگەن بىگۇناھ ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلدى، زىيانغا ئۇچرىغان مال - مۈلۈكنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ئاممىنى روھىي جەھەتتىن كونترول قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئاممىنى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشكە قارشى تۇرۇشقا، زامانىۋى ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى چەتكە قېقىشقا سىجىل قۇتراتتى؛ ئاتالمىش «دىنىي قائىدە، ئائىلىۋى قائىدە»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، بۇرمىلاپ، ئۇنى ھەردەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارارى مىزانى قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلىرى بىلەن قارشىلاشتى؛ ئاممىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئىگىلەش، ئىقتىسادىي شارائىتىنى ياخشىلاش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى رەت قىلىشقا قايمۇقتۇردى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

# غەربنىڭ شىنجاڭغا قارا چاپلايدىغان بىمەنە سەپسەتىلىرى توختىشى كېرەك

### شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى **ئەركىن تۇنىياز**

بىر مەزگىلدىن بۇيان، پومپېئو ئېقىمى ۋەكىللىكىدىكى غەربتىكى ئايرىم سىياسەتۋازلار ۋە «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى» ۋەكىللىكىدىكى ۋىجدانسىز تاراتقۇلار ئاتالمىش «تەلىم - تەربىيە مەركىزى مەسىلىسى»نى ھە دەپ كۆپتۈرۈپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغۇدەك مۆۋەپپەقىيەتلىرىگە يولسىزلارچە ھۇجۇم قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا بولغان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بۇرمىلىدى، ئىنكار قىلدى. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان ئۇيغۇر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى قاتناشقۇچى، باشتىن كەچۈرگۈچى، گۇۋاھچى ۋە مەنپەئەتلەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئۇلاردىن چەكسىز نەپرەتلىنىمەن! «باشقىلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىگە ئىنكاس قايتۇرماسلىق بولماس»، گەرچە ئۇلارنىڭ رەزىل سەپسەتىلىرى رەددىيە بېرىشكە ئەرزىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆنبويى پۈتۈن يەر شارىدا ئىش تېرىش بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپ، جۇڭگو گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى ئېلان قىلغان شىنجاڭ توغرىسىدىكى بىر قاتار ئاق تاشلىق كىتابلارنى ئەستايىدىل ئوقۇمىغانلىقىنى ئويلىشىپ، مەن ئازراق ۋاقىتنى چىقىرىپ، ئۇلار «كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان» بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنى خالايمەن.

(ئاخىرى 4- بەتتە)